پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىلىشكە تېگىشلىك بولغان

مۇھىم ۋاجىباتلار

تەتقىقات مۇقەددىمىسى

جىمى ھەمدۇ ـ سانا بىزنى تەۋھىد بايرىقىنى كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈن بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ئارىسىدىن تاللىغان ئاللاھقا بولسۇن . ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە سالامى توغرا پىكىرلىك، توغرا مەنھەج ئۈستىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان رەسۇلىمىزغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە، ئۇلارغا كۆپ ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن.

بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن. ھەقىقەتەن ئاللاھ سۇبھانەھۇۋە تائالانىڭ بىز ئىغور(ئالدىنقى سەپ) ئەھلىگە قىلغان كاتتا پەزلى ۋە ئېھسانىدىن ئۇنىڭ بىزنى بۇ يولغا يېتەكلەپ تەۋھىدنى جاكارلاش، بەندىلەرنى بەندىلەرنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلدۇرۇش، ئۇلارنى كۇفرى، فۇجۇر ۋە بويۇنتاۋلىق پاتقاقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش، گوياكى ئەنبىيالارنىڭ مۆئمىن قەۋملىرگە رەھبەرلىك قىلغىنىدەك دۆلەتلەرگە ۋە بەندىلەرگە ھەق شەرىئەت بىلەن سىياسەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بىزنى تاللىغانلىقىدۇر.

تەبەرىنىڭ ئەلچىلەر ۋە پادىشاھلار تارىخىدا رىۋايەت قىلغان بىر رىۋايىتىدە رەبىئ ئىبنى ئامىر رضي الله عنه پارسلارنىڭ قوماندانى رۇستەم ئۇنىڭدىن «سىلەرنى نېمە ئېلىپ كەلدى ؟» دەپ سورىغان سۇئالىغا مۇنداق دەپ جاۋاپ قايتۇرغان:«ئاللاھ بىزلەرنى ئۆزى خالىغان بەندىللىرنى ئۆزىگە ئوخشاش بەندىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن كەڭرچىلىككە، بارچە دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ بىزنى دىنى بىلەن مەخلۇقاتلارنى ئۇنىڭغا چاقىرىشىمىز ئۈچۈن، كىمكى ئۇنى قوبۇل قىلسا ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىپ قولىمىزنى يىغىشىمىز ۋە كىمكى رەت قىلسا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە قايتىپ ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېچىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتتى...»

مەلۇمكى الله تائالانى كاتتىلاپ ئۇلۇغلاش بولسا ئەھكاملىرىنى، قۇرئان ـ سۈننەتتىن ئىبارەت شەرىئەت تېكىستلىرىنى كاتتىلاشنى تەلەپ قىلىدۇ . مانا بۇ كاتتىلاشنىڭ دالالەت ۋە ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۇنى يوقىتىپ قويغۇچى چوڭ خەتەر ئۈستىدە بولىدۇ .اللەنىڭ ھۆكمىنى ۋە راسۇلۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى كاتتىلاشنىڭ ئالامەتلىرىدىن:

بىرىنچى: اللەنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشنى ئىختىيار ياكى مەسلىھەت قىلماسلىق بەلكى ئىككىلەنمەستىن، شەكلەنمەستىن مۇكەممەل مۇتلەق تەسلىم بولۇش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: { ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا ئەر- ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ) كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.} [33 - سۈرە ئەھزاب، 36 - ئايەت]

ئىككىنچى: شەرئى تېكىستنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئىچى سىقىلماسلىق بولۇپ، بولۇپمۇ تەتبىقلاشتا تەكتىلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: {(ئى مۇھەممەد!) رەببىڭ بىلەن قەسەمكى ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە- تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.} [4 - سۈرە نىسا 65 - ئايەت]. ۋە بۇ بولسا اللەنىڭ ھۆكمىگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە قەلبىنىڭ ئارامدىللىقى ۋە قارنى ـ كۆكسى كەڭ ھالەتتە بويسۇنۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى: ھېكمەت توغرىسىدا ئىزدىنىشتە، بىلىشتە ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك. بۇ، الله قا مۇكەممەل تەسلىم بولۇش ۋە بويسۇنۇشقا زىت كېلىدۇ.بەلكى ئۇ ئۇنى داۋاملاشتۇرغان كىشىنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلەلمىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ بەزىسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئەدەبلىك بولۇشى، ئۆزىنى توختىتىشى ۋاجىب. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:{ ئاللاھنىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال- سوراق قىلىنمايدۇ ئۇلاردىن سوئال- سوراق قىلىنىدۇ.} [21 - سۈرە ئەنبىيا 23 - ئايەت]

تۆتىنچى: الله تائالا ھارام قىلغان ئىشلار قىلىنىپ قالسا الله تائالا ئۈچۈن غەزەبلىنىش ۋە ئۇنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش. بۇخارى رحمه الله نىڭ ئائىشە رضي الله عنها دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە عائشه رضي الله عنها مۇنداق دەيدۇ : «رسول الله صلي الله عليه وسلم ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق قويۇلسا مەئسىيەت بولۇپ قالمىسلا ئاسىنىنى تاللايتتى. ئەگەر مەئسىيەت بولۇپ قالسا ئۇنىڭدىن ئەڭ يىراق بولغۇچى كىشى بولاتتى. رسول الله صلي الله عليه و سلم ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى. بەلكى اللەنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنسا الله ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى.» قاچانكى بەندە الله ھارام قىلغان ئىشقا غەيۇر (كۈنلىگۈچى) بولسا ئۇنى ئىنكار قىلىشقا، ئۇنىڭ ئەھلىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالدىرايدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ شەرئى نەس (تېكىست) لەرنى كاتتىلىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەدلىرىگە، ئەدەب .قائىدىللىرىگە رىئايە قىلىشىنىڭ دەلىلىدۇر.

بەشىنچى: بىز بىزدە ئىلىم بولمىغان ئىشلاردا توختىشىمىز، ئۇ توغرىسىدا سۆزلەشكە ئالدىراقسانلىق قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىشىمىز ۋە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى كۆز ئالدىمىزدا قۇيۇشىمىز لازىم: {بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم كۆرمىگەننى كۆردۈم ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە) (ئىنسان قىيامەت كۈنى قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال- سوراق قىلىنىدۇ.} [17 - سۈرە ئىسرا 36 - ئايەت]

اللەنىڭ كالامى ۋە رسول الله صلي الله عليه وسلم نىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنالىرىدا بىلمەستىن ياكى سورىماستىن سۆزلەشكە ئالدىراقسانلىق قىلىش الله قا ئىلىمسىز سۆزلەشنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇنىڭ گۇناھى ئېغىر. بۇ ئۇنىڭدىن سىرت باشقىلارنىڭ ئېزىپ كېتىشى ۋە ئازدۇرۇشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئالتىنچى: قازىيلارۋە مۇفتىلاردىن ئىبارەت دىنىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى ئەنبىيالارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئىلىم ئەھلىللىرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنى قەدىرلەش بولۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش بىلەن شەرىئەت قوغدىلىدۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرى كەڭرى تارقىتىلىدۇ، سۈننەت ئەھلىنىڭ سانى كۆپىيىدۇ، ئۈممەت بىرلىشىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزى بىر بولىدۇ، فاجىرلارنىڭ شەۋكىتى يوقىلىدۇ، ئالىملارنىڭ سۆزى بىلەن خەلىق ئىش ئېلىپ بارىدۇ، فىتنىلەر ۋە ئېغىر ئىشلار يۈز بەرگەندە مۇسۇلمانلار دىينىغا قايتىۋالىدۇ.

ھەقىقەتەن ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ دىنىدا ئىنكار قىلىغىلى بولمايدىغان ئورنى ۋە ساناپ بولغىلى بولمايدىغان پەزىلەتلىرى بولۇپ، كۆپلىگەن شەرىئەت تېكىستلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن. ئۇلار بولسا الله تائالانىڭ تەۋھىدىدىن ئىبارەت بولغان گۇۋاھلىقىغا ئەڭ كاتتا گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.
الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: {ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.} [3 - سۈرە ئال ئىمران 18 - ئايەت]

ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب. الله تائالا مۇنداق دىگەن: { الله قا، ئۇنىڭ رەسۇلىغا ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئىگىللىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار} [النساء: 59] بەزى سەلەپلەر "ئىش ئىگىللىرى"نى ئالىملار دېگەن. بەزى تەپسىر ئالىملىرى «ئىش ئىگىلىرى» ئەمىرلەر ۋە ئالىملار دېگەن.

سۈننەتتە ئالىملارنىڭ مەرتىبىلىرىنىڭ يۇقىرلىقى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈنلىكى تىلغا ئېلىنغان تېكىستلەر كەلگەن. ابو درداء رضي الله عنه نىڭ قىلغان رىۋايىتىدە مەن رسول الله صلي الله عليه وسلم نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: " كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭسا الله ئۇنىڭ جەننەتكە بولغان يولىنى ئاسان قىلىدۇ. ھەقىقەتەن مالائىكىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ .ئالىم ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارچە مەخلۇقاتلار ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارغا قەدەر ھەممە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئالىمنىڭ ئىبادەت قىلغۇچىدىن بولغان ئارتۇقچىلىقى تولۇن ئاينىڭ يۇلتۇزلارغا بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ. ئالىملار بولسا ئەنبىيالارنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ئەنبىيالار دىنار ۋە دىرھەمنى مىراس قالدۇرغان ئەمەس بەلكى ئۇلار ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ مىراسى بولغان ئىلىمنى ئالغۇچى مول نەسىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. " [ابو داود ۋە ترميذي رىۋايەت قىلغان].

ئىلىم ئەھلىنىڭ مەرتىبىسى شۇ دەرىجىدە يۇقىركى شەرىئەت ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشكە قىزىقتۇردى. عبادة بن صامت ـرضي الله عنه رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رسول الله ـ صلي الله عليه وسلم مۇنداق دىگەن: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت قىلمىغان، ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس.» [احمد والترميذي رىۋايەت قىلغان] .

ابن المبارك رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملارنى كەمسىتكەن كىشىنىڭ ئاخىرىتى قولدىن كېتىپ قالىدۇ . ئەمىرلەرنى كەمسىتكەن كىشىنىڭ دۇنياسى قولدىن كېتىپ قالىدۇ. قېرىنداشلىرىنى كەمسىتكەن كىشىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى قولدىن كېتىپ قالىدۇ.»

ھەقىقەتەن بۇ بولسا بىرىنچىدىن ئۆزۈمگە ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداشلارغا بولغان ئەسلەتمە بولۇپ، ھەقىقەتەن "الطائفة المنصورة "«نۇسرەتكە ئېرىشكۈچى تائىپە» اللەنىڭ نۇسرىتى بىلەن ياردەم بېرىلگۈچىدۇر. ياردەمسىز قويغان ۋە قارشىلاشقان كىشىلەر ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ كىتاب ۋە سۈننەتكە ئېسىلىدۇ. اللەنىڭ شەرىئىتىنى كاتتىلاپ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. گەرچە نەفسىلەرگە ئېغىر، ھاۋايى .ھەۋەسكە قارشى ۋە ئەقىل بىلەن مەنتىقە توغرا دەپ قارىمىسىمۇ اللەنىڭ ھۆكمىنى ئۇلۇغلايدۇ. مۇۋاپىقىيەت ۋە نىجاتلىقتا ھەق شەرىئەتنى تەتبىقلاش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

الله مەقسەتلىرىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر...

- شەيخ ناسىر سۈننەت يازغان -